# 22389 ـ چاشكا نامىزىنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا

**سۇئال**

ئىشراق نامىزى ۋە چاشكا نامىزى ئۈچۈن مۇناسىپ بولغان ۋاقىت قايسى؟. ئىشراق نامىزى بىلەن چاشكا نامىزى ئارىسىدىكى پەرق نېمە؟. چاشكا نامىزىنىڭ ۋاقتى قاچان باشلىنىدۇ؟. چاشكا نامىزىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى قايسى؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

## ـ ئىشراق نامىزى بىلەن چاشكا نامىزى ئارىسىدىكى پەرق.

ئىشراق نامىزى دېگەن: ئاۋۋالقى ۋاقىتتا ئادا قىلىنغان چاشكا نامىزى بولۇپ، ئىككى ئوخشىمايدىغان ئىككى ناماز ئەمەس، ئاۋۋالقى ۋاقتىدا ئوقۇلغانىنىڭ ئىشراق دەپ ئاتىلىشى ئۇ نامازنى كۈن چىقىپ ئۆرلىگەندىن كېيىنلا ئادا قىلىنغانلىقى ئۈچۈندۇر.

شەيخ ىبن باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئىشراق نامىزى دېگەن: ئاۋۋالقى ۋاقىتتا ئادا قىلىنغان چاشكا نامىزىدۇر". ["شەيخ ىبن باز پەتىۋالار مەجمۇئەسى"11-توم 401-بەت].

## ـ چاشكا نامىزىنىڭ ۋاقتى قاچان باشلىنىدۇ؟.

چاشكا نامىزىنىڭ ۋاقتى كۈن چىقىپ ئۆرلىگەندىن باشلاپ تاكى پېشىنىنىڭ ۋاقتى بولغۇچە داۋاملىشىدۇ. شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ بۇ ۋاقىتنى تەكىتلەپ: "كۈن چىقىپ ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن باشلىنىپ، پېشىن نامىزىغا ئون مىنۇت قالغانغا قەدەر بولىدۇ دېگەن". ["شەرھىل مۇمتىئ"4-توم 122-بەت].

مۇشۇ ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسى چاشكا نامىزىنىڭ ۋاقتىدۇر.

## چاشكا نامىزىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى:

چاشكا نامىزىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى قۇياش كۆتۈرلۈپ تاشلار قىزىغان ۋاقىتتۇر. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگەن: «چاشكا نامىزى تاشلار قىززىپ بوتۇلاقنىڭ يۇتى كۆيگۈدەك بولغاندا بولىدۇ» [مۇسلىم رىۋايىتى 748-ھەدىس. "شەيخ ىبن باز پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 11-توم 395-بەت].

ئالىملار بۇ ۋاقىتنى كۈن چىقىپ ئۆرلىگەن ۋاقىتتىن پېشىننىڭ ۋاقتىغىچە بولغان ۋاقىتنىڭ ئوتتۇرى دەپ قارىغان.

ئىمام نەۋەۋىينىڭ "ئەلمەجمۇ" 4-توم 36-بەتكە ۋە "كۇۋەيت پىقھى توپلاملىرى" 27-توم 224-بەتكە قارالسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ ياخشى بىلگۈچىدۇر.